## 60252 ـ ئوغۇل بوۋاقنىڭ ئەقىقىسىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

ئوغۇل بوۋاقنىڭ ئەقىقىسىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

ئەقىقە دېگەن: يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئۈچۈن يەتتە كۈنلۈك بولغان بوغۇزلىنىدىغان مال بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا ئەقىقە دېگەن ئىش جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ تونۇشلۇق بولغان ئىشتۇر. ماۋەردىي مۇنداق دەيدۇ: "ئەقىقە دېگەن بوۋاق تۇغۇلغاندا قوي ئۆلتۈرۈش بولۇپ، ئەرەبلەر ئىسلامدىن بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلاتتى". ["ئەل ھاۋىي كەبىر"15-توم 126-بەت].

ئىسلامدا ئەقىقىنىڭ يولغا قويۇلىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن ھەدىسلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ ھەدىسلەردىن:

1-بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە بىرىمىزنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى تۇغۇلسا، قوي ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ قېنىنى بوۋاقنىڭ بېشىغا سۈركەيتتۇق، ئاللاھ تائالا بىزگە ئىسلامنى ئاتا قىلغاندىن كېيىن بوۋاق تۇغۇلسا قوي ئۆلتۈرۈپ، بوۋاقنىڭ چېچىنى ئالدۇرۇپ، بېشىغا زەپىران سۈركەيدىغان بولدۇق". [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى 2843-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى بۇ ھەدىسنى سەھىھ دەپ، ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈردى].

2-سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئوغۇل بالىغا ئەقىقە قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قان ئېقىتىڭلار، ئەزىيەتلەرنى يوق قىلىڭلار». [بۇخارى رىۋايىتى 5154-ھەدىس].

ئوغۇل بوۋاق ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بوۋاق ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈش يولغا قويۇلغان، بۇ توغرىدا نۇرغۇن ئوچۇق سەھىھ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان:

1-ئۇممۇ كەرەز رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئەقىقە توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئوغۇل بوۋاق ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بوۋاق ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈڭلار، قويلار ئەركەك-چىشى قانداق بولسا بۇنىڭ زىيىنى يوق». [تىرمىزى رىۋايىتى 1516-ھەدىس. ئىمام تىرمىزى بۇ ھەدىسنى: ھەسەن سەھىھ دېگەن. نىسائى رىۋايىتى

4217-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ سەھىھ دەپ: ["ئىرۋائۇل غەلىيل" 4-توم 391-بەتتە كەلتۈرگەن].

2-ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ساھابىلارنى ئوغۇلنىڭ مۇكاپىتى ئۈچۈن ئىككى قوي ۋە قىز ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان». [تىرمىزى رىۋايىتى 1513-ھەدىس. ئىمام تىرمىزى بۇ ھەدىسنى ھەسەن سەھىھ دىگەن. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن. مۇشۇ ھەدىسلەر ئەقىقىدە قىز-ئوغۇللارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئەقىقىدىكى قىز-ئوغۇللارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:" بۇ شەرئى قائىدە-پىرىنسىپتۇر، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ ئارىسىنى پەرقلىق قىلدى، مىراستا، دىيەتتە، گۇۋاھلىقتا، قۇل ئازات قىلىشتا ۋە ئەقىقىدە قىزلارنى ئوغۇللارنىڭ يېرىمىغا باراۋەر قىلدى، بۇ توغرىدا ئىمام تىرمىزى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «ھەر قانداق مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى ئازات قىلسا، دوزاختىن ئۆزىنى ئازات قىلغان بولىدى، ئۇنىڭدىن بولغان ھەر بىر ئەزا شۇ ئەزانىڭ بەدىلى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ھەر قانداق مۇسۇلمان ئەر ئىككى ئايالنى ئازات قىلسا، ئۇ كىشى ئۆزىنى دوزاختىن ئازات قىلغان بولىدى، ئۇ ئىككى ئايالدىن بولغان ھەر بىر ئەزا ئۇ ئەردىن بولغان بىر ئەزانىڭ باراۋېرىدە بولىدۇ.» [تىرمىزى رىۋايىتى 1547-ھەدىس. ئەقىقىدىكى ئارتۇقچىلىقمۇ گەرچە بۇ توغرىدا ئوچۇق ھەدىس بولمىسىمۇ، مۇشۇ بويىچە ئىجرا قىلىنىدى، چۈنكى بۇنى بايان قىلىپ بېرىدىغان باشقا ئوچۇق سەھىھ ھەدىسلەر يېتەرلىكتۇر". ["تەھپەتۇل مەۋدۇد" 53-54-بەت].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سۈرە ئال-ئىمران 36-ئايەتتە بايان قىلغانغا ئوخشاش ئوغۇل بالىنى قىز بالىدىن ئارتۇق قىلدى، مۇشۇ ئارتۇقچىلىق ھۆكۈملەردىمۇ ئوغۇل بالىنى قىز بالىدىن ئارتۇق قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىسلام شەرئىتى مۇشۇ ئارتۇقچىلىق بويىچە ئەرنى گۇۋاھلىقتا، مىيراستا، دىيەتتە ئىككى ئايالنىڭ باراۋېرىدە قىلدى، شۇنىڭدەك ئەقىقىنىمۇ مۇشۇ ھۆكۈمگە قاتتى". ["زادىل مىئاد" 2-توم 331-بەت].

پائىدە: ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ بۇنى ئىنچىكىلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەقىقىنىڭ پايدىلىرىدىن: "ئەقىقە دىگەن بوۋاق تۇنجى قېتىم دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن قىلىدىغان قۇربانلىقتۇر.

ئەقىقە بوۋاقنى گۆرەدىن قۇتقۇزىدۇ، چۈنكى بوۋاق ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلىنىدىغان ئەقىقە بىلەن گۆرۈگە قويۇلغان.

ئەقىقە دىگەن ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىلىگە بىر قوچقارنى پىدا قىلغاندەك، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئۈچۈن بېرىلىدىغان پىدادۇر. ["تۆھپەتۇل مەۋدۇد"69-بەت].

ئەقىقىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى: بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنىدۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «ھەر

بىر بوۋاق ئۆزىنىڭ ئەقىقىسى بىلەن گۆرۈگە قويۇلغۇچىدۇر، يەتتىنچى كۈنى ئۇ بوۋاق ئۈچۈن مال بوغۇزلىنىۇ، چېچىنى ئېلىپ، ئىسىم قويۇلىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 2838-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانىي رەھىمەھۇللاھ سەھىھ دەپ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن.

ئەگەر ئەقىقە يەتتىنچى كۈنىدىن كېچىكىپ قالسا بۇنىڭ زىيىنى يوق، مۇسۇلمان بۇنىڭغا قاچان يول تاپسا شۇ ۋاقىتتا قىلسا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.